# ﴿دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھالاكىتىنىڭ سەۋەبلىرى﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

شەيخ ھۇسەين ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى


نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432



IslamHouse.com

# ﴿أسباب الهلاك في الدنيا والآخرة﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ حسين بن عبد العزيز آل الشيخ

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھالاكىتىنىڭ سەۋەبلىرى

2011-يىلى 1-ئاينىڭ 21-كۈندىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى "ئىسلام ئۈممىتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئايرىمچىلىق، بۆلۈنۈش، سۈيىقەست بولغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە پىتنىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال باشقا مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلىدۇ" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

مۇشۇ كۈندە ئىسلام ئۈممىتى ھۆكۈمرانلىرى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان، مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەملەرنى يەڭگىللىتىدىغان، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان، ئىسلام ئۈممىتىگە ھەممە تەرەپتىن ياماراپ كەلگەن پىتنە-پاسات ۋە بۇزۇقچىلىقنى چەكلەيدىغان بىر كۈچكە ناھايىتى بەك ئېھتىياجلىق.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېزىلگەن، ماددى ۋە مەنىۋىيىتى يىمىرىلگەن، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ماھىيەتتە مۇسۇلمانچىلىقتىن يىراقلاشتۇرۇلغان گاڭگىراش ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار ئىسلاھاتقا چاقىرغۇچىلارنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى شۇئارلىرىنى ئاڭلىسىمۇ ئەمما ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەسلى پرىنسىپى، خۇسۇسىيىتى ۋە مۇستەھكەم ئاساسىغا مۇۋاپىق ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقى ئىسلاھاتچىنى تاپالمىدى.

ئى ئىسلام ئۈممىتى! ئى مۇسۇلمان رەھبەرلىرى! ئى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە تاللىغان،

پەيغەمبەرىڭلار بايان قىلىپ بەرگەن توغرا پرىنسىپقا ئەگىشىدىغان ۋاقىتىڭلار كەلدى.

ھازىر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان مۇسىبەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: ئاللاھنىڭ تائىتىدىن يىراقلىشىش، ئاشكارا-يوشۇرۇن گۇناھ-مەسىيەت ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ تارقىلىشى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى قۇرئان-ھەدىس روھىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزى تۈزۈپ چىققان قانۇنلار بىلەن باشقۇرۇش، مېدىيا-تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدا دىنسىزلىق ۋە توغرا يولدىن بۇرمىلايدىغان پرىنسىپلارنى تارقىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇنى اللّٰه ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز جىھادتىن) باش تارتىدىكەن، اللّٰه ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ.» [سۈرە پەتھى 17-ئايەت].

ئۇلار ئاللاھنىڭ توغرا پرىنسىپىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈزبەردى، اللّٰه ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.» [سۈرە رۇم 41-ئايەت].

تەپسىرشۇناسلار يۇقىرىقى ئايەتنى شەرھىلەپ: "ئاپەت كېلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ قىيىنلىشىشى، قۇرغاقچىلىق، سەل كېلىش، ئوت كېتىش، بەرىكەتنىڭ يوقىلىشى، تۈرلۈك زىيانلارنىڭ كۆپ بولىشى، مال

باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، زۇلۇمنىڭ تارىلىشى ۋە تۈرلۈك يېڭى كېسەللەرنىڭ پەيدا بولىشى" قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارايدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ھەقىقى نەزەر سالغان كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتنى تۈرلۈك بالا-مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئەبى مالىك ئەشئەريي رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر زىنا-پاھىشە، ئىشلارنى، ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشىنى، ئەيشى-ئىشرەتنى ۋە ھاراقنى ھالال دەپ قارايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلىۋاتىدۇ ياكى سۈرىتىنى توڭگۇز ياكى مايمۇنغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ».

بۇ ھەدىستىن: گۇناھ-مەسىيەتنى ھالال دېگەن ئېتىقاد بىلەن قىلغانلارنىڭ دۇنيادا ئىككى تۈرلۈك ئازاب بىلەن ھالاك قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ بىرى يەرتەۋرەش يەنە بىرى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئىبارەت.

بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولدىكى بارلىق قىيىنچىلىق، بالا-مۇسىبەتتىن ساقلىنىشنىڭ ئىلاجى پەقەت ئاللاھ قۇرئان-كىرىمدە بايان قىلغاندەك ئاللاھقا ھەقىقى تەقۋادارلىق قىلىشتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زېمىندا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ غەيرى بىلەن ھۆكۈم قىلىنغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدە نامراتچىلىق ۋە تەپرىقچىلىك تارقىلىدۇ.» [تەبەرانى رىۋايىتى].

ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بەلكى پۈتۈن ئالەمگە ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىنىڭ بىرى ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن مېھرىبان، كۆيۈمچان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ھاياتنى توغرا يۆلۈنىشكە باشلايدىغان ۋە ئۇلارنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە يەتكۈزىدىغان توغرا پرىنسىپنى بايان قىلىپ بېرىشتۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىزگە ئاللاھنىڭ بۇيرىغان ئەلچىلىك ئامانىتىنى تولۇق يەتكۈزدى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق يۆنىلىشىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، توغرا پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ئۇلار توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.» [سۈرە نۇر 63-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «مېنىڭ بۇيرىقىمغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار خارلىق- رەسۋالىققا دۇچار قىلىندى.» [ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەپ قۇرئان-سۈننەتنىڭ روھى بىلەن ھايات كەچۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىيلىقىمىزنى ئىسپاتلاشقا مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامىن...